## 48985 ـ ھەرقانداق مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولامدۇ؟

**سۇئال**

ھەرقانداق مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولىدىغان مەسچىتنىڭ سۈپىتى توغىرسىدا ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، بەزى ئۆلىمالار ئىتىكاپنى ھەرقانداق مەسچىتتە قىلسا توغرا بولىدۇ ھەتتا جامائەت بولۇپ بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىتتە قىلىسمۇ توغرا بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: وَلا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تەرجىمىسى: سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ: ئېتىكاپنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت بولۇش كېرەك دېگەننى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى:

1-ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ پەقەت جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتتە بولىدۇ. [بەيھەقى رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى "رامىزاندا قىيامدا تۇرۇش ناملىق رىسالىسىدا سەھىھ دېگەن].

2-ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولمايدۇ. ["پىقھى توپلاملىرى"5-توم 212-بەت].

3-ئەگەر جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە ئېلىپ بارىدۇ:

بىرىنچى: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى تەرك قىلىدۇ، ئەر كىشىنىڭ ئۆزۈرسىز جامائەت نامىزىنى تەرك قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچى: باشقا مەسچىتتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تولا سىرتقا چىقىش ئېتىكاپنىڭ پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ.

["ئەلمۇغنى" 4-توم 461-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتى" ناملىق ئەسەر 6-توم 312-بەتتە: ئىتىكاپ پەقەت جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتتە بولىدۇ" دېگەن.

بۇنىڭدىن جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىت مەقسەت قىلىنامدۇ ياكى جامائەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت مەقسەت قىلىنامدۇ؟ دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابى: بۇنىڭدىن جامائەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت مەقسەت قىلىنىدۇ، جۈمە ئوقۇيدىغان مەسچىت بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ، جامائەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇمايدىغان ئورۇننى مەسچىت دېگىلى بولمايدۇ، جامائەت ناماز ئوقۇمايدىغان مەسچىت دېگەن: كىشىلەر كۆچۈپ كەتكەن ياكى تاشلىنىپ قالغان جايدىن ئىبارەتتۇر.

ئىتىكاپ قىلىدىغان مەسچىتنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىت بولىشى شەرت ئىتىلمەيدۇ، چۈنكى جۈمە نامىزى ھەپتىدە بىر قېتىم بولغانلىقى ئۈچۈن تەكرار سىرتقا چىقىش كېرەك بولمايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بەش ۋاقىت ئوقۇيدىغان مەسچىت بولمىسا ئۇ ۋاقىتتا ھەر كۈنى بەش ۋاقىت نامازغا چىقىش ئۈچۈن سىرتقا تەكرار چىقىش كېرەك بولىدۇ.

ئىتىكاپ قىلىدىغان مەسچىتنىڭ جامائەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت بولۇشى كېرەك دېگەن شەرت ئەرلەرگە خاس بولىدۇ، ئەمما ئايال ئىتىكاپ قىلماقچى بولسا ئايالنىڭ جامائەتكە چىقىشى كېرەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق مەسچىتتە ئىتىكاپ قىلسا توغرا بولىدۇ".

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ"ئەلمۇغنى"دا ئىمام شاپىئىي رەھىمەھۇللاھ: "ئايال ھەرقانداق مەسچىتتە ئىتىكاپ قىلسا توغرا بولىدۇ، جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت بولىشى شەرت ئەمەس، چۈنكى ئايالغا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش كېرەك ئەمەس"دەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ:"شەرھىل مۇمتىئ" 6-توم 313-بەتتە: "ئەگەر ئايال جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىتتە ئىتىكاپ قىلسا توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئايالغا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش كېرەك بولمايدۇ" دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.